# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ئەزالار، بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، قاتناشقۇچى ئورۇنلار ۋە كەڭ ئەزالارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمىتىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز: مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا، كېڭىشىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىزگە، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش سەۋىيەمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىزگە، كېڭىشىش شەكلىدىكى نازارەت قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. 2021 ـ يىلى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نىشانلاپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىمىز

2021 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى مەۋقە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئادا قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى باشلاش، تۇنجى قەدەمنى ياخشى تاشلاش ئۈچۈن كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

**(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىمىز.** دائىمىي كومىتېت كوللېكتىپ ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش، پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆھبەتلىشىش، ئەزالار كىتاب ئوقۇش قاتارلىق شەكىللەرنى بىرتۇتاش قوللىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان «تۆت تارىخ» تەربىيەسىنى كۈچەيتىمىز. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەزالارنى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيى تارىخى كۆرگەزمىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە ھەمكارلىشىمىز. سىياسىي كېڭەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەزالار لېكسىيە سۆزلەش، مەخسۇس تېمىدا كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈش، نەزەرىيە مۇھاكىمىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئۆگىنىش ـ تەربىيە ئارقىلىق، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشقان پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى مۇشەققەتلىك كۈرەش مۇساپىسىدىن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقا ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ ھالقىشتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بوران ـ چاپقۇندا جۇڭگو خەلقىگە ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچ بولىدىغانلىقىنى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىلمىي كۆرسەتمە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، سىياسىي، ئىدىيە، نەزەرىيە، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، قول تۇتۇشۇپ يېڭى مۇساپىگە باتۇرانە ئاتلىنىشقا يېتەكلەيمىز.

**(2) «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، كېڭىشىش، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز.** پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، تىنچ جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىش دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ياشانغانلار كۆپىيىشكە ھازىرلىق كۆرۈش قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا كېڭىشىمىز. قوش ھەپتىلىك كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى، تەكلىپ بېجىرىشنى كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى توردا مۇھاكىمە قىلىش، يىراقتىن كېڭىشىش، نىشانلىق كېڭىشىش، ساھەلەر بويىچە كېڭىشىش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۈنىۋېرسال قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ يېڭى چوڭ ـ چوڭ پەن ـ تېخنىكا مەخسۇس تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى چىڭ كۆزلەش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇش، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى بايلىقىنى قېزىش ۋە قوغداش سالمىقىنى زورايتىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشنى كۈچەيتىش، كاربوننى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش ۋە كاربوننى نېيتراللاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى ساھىيە مۇداپىئە تورىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا پائال مۇھاكىمە قىلىمىز ۋە ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىمىز. مۇتەخەسسىسلەر كېڭىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئورتاق بېيىشقا تۈرتكە بولۇش، دۆلەت خەۋپسىزلىكى توسۇقىنى مۇستەھكەملەش، مىللەت سىياسىتى، دىن سىياسىتى قاتارلىق زور مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر كېڭىشىپ، كېڭىشىش تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىمىز. دېموكراتىك نازارەت قىلىش خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇش جەريانىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، كېڭىشىش شەكلىدىكى نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

**(3) بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە بۈيۈك بىرلىكنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلىپ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچنى تىرىشىپ مۇجەسسەملەيمىز.** ئەزالار دەرىسخانىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەزالار مۇھىم مەخسۇس خىزمەت لېكسىيەسى سۆزلەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، 10 مەيداندىن ئارتۇق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇش تارقىتىش يوللىرىنى كېڭەيتىمىز. ئەزالار ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭىچە پارتىيە تۈزۈمى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز. ساھە ۋەكىل زاتلار سۆھبەت يىغىنى، ئەزالار كىتاب ئوقۇش ـ تور سىرتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى، سىردىشىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى، دىن ساھەسىدىكى زاتلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى ئىجتىمائىي قاتلامدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرىمىز. «شياڭگاڭنى ۋەتەننى سۆيىدىغانلار ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي قوللاپ، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كېڭىشىشنى قانات يايدۇرىمىز. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، شىنخەي ئىنقىلابى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىغا ئورتاق كۈچ چىقىرىمىز. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتىكى تاشقى ئالاقە ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ «دوستلار چەمبىرىكى»نى كېڭەيتىمىز.

**(4) تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تۇتقا قىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.** يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر قاتارلىق تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسى، ئورگان پارتگورۇپپىسى، مەخسۇس كومىتېتلار شۆبە پارتگورۇپپىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچىمىز. ئەزالارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنى باھالاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، ئىنتىزام ئارقىلىق چەكلەش قاتارلىق تۈزۈم ـ مېخانىزملارنى ئەستايىدىل يولغا قويىمىز. تەكلىپ بېرىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يىغىندا سۆزگە چىقىش، جەمئىيەت ئەھۋالى ـ خەلق رايى ئۇچۇرىنى ئىنكاس قىلىش، ئاخبارات ـ تەشۋىقات قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچىمىز. «خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش» نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىمىز. شەھەرلىك، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرنى تۈزۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمىز. يىغىن ئىستىلى، ھۆججەت ئىستىلىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، خىزمەت تەننەرخىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز. ئورگاننىڭ كۆزىتىشتىن كېيىنكى تۈزىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشچان ئۈنۈملۈك ئورگان بەرپا قىلىمىز.

## 3. مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، بۇ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**(1) مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئىگىلەش كېرەك.** سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى ھەر تەرەپلىمە يۈكلەنگەن مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى — دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى راۋاجلاندۇرىدىغان، «جۇڭگو ئىدارە قىلىشى»نى يارىتىدىغان مۇھىم تۈزۈم لايىھەسى ۋە ئۆزگىچە ئىدارە قىلىش سۈپىسى. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ 70 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى، بۇلتۇردىن بۇيانقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، ناموراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش كۈرەش مۇساپىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ئىجابىيلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. بامەسلىھەت ئىش قىلىش، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىر نىيەت ـ بىر سەپتە بولۇشتەك سىياسىي ئەۋزەللىكى، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەشتەك ئىتتىپاقلىق ئەۋزەللىكى، باراۋەر كېڭىشىشتەك دېموكراتىيە ئەۋزەللىكى، ئىختىساسلىقلارنى توپلاشتەك ئەقلىي كۈچ ئەۋزەللىكى، مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك فۇنكسىيە ئەۋزەللىكى، ئالاقىسى كەڭ بولۇشتەك ساھە ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تۈپ مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى كەڭ دائىرىدە بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئىشلارنى كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ مەسلىھەتلىشىش بىرلىكىگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس ۋە ئىجتىمائىي ئاساسنى پۇختىلاش كېرەك.

**(2) مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 77 مۇھىم خىزمەت تۈزۈمىنى تۈزۈپ ۋە تۈزىتىپ، سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىنى ئاساس قىلغان، كېڭىشىش، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش، تەشكىللەش ـ باشقۇرۇش، قوشۇن قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى قاپلىغان تۈزۈم سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. ئەمەلىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى توردا مۇھاكىمە قىلىش، ئەزالار كىتاب ئوقۇش ـ پىكىر ئالماشتۇرۇش، جەمئىيەت ئەھۋالى ـ خەلق رايى ئۈستىدە سەممىي سۆھبەتلىشىش، ھەر ساھە ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش قاتارلىق ئەمەلىيەت داۋامىدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تۈزۈم ـ قائىدىلەرنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كېڭىشىش مەدەنىيىتى يېتىلدۈرۈپ، جۇڭخۇانىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇش، باراۋەر ۋە كەڭ قورساق بولۇش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقنى ساقلاپ قېلىش، ھەممىنى قوينىغا ئېلىش قاتارلىق ئىدىيەلەرنى سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ھەرىكەت جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش كېرەك. تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قوغداپ، تۈزۈمنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ ۋە تەتبىقلاپ، كېڭىشىش، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنى ئەستايىدىل، تەرتىپلىك ۋە جانلىق قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كېڭىشىش سىستېمىسىغا سىڭىشىپ، سىياسىي كېڭەشتە كېڭىشىشنىڭ باشقا كېڭىشىش شەكىللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**(3) مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.** مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىدىكى ئاچقۇچ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازىغا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىل زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشنىڭ مۇھىم سۇپىسىغا، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش ۋە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلىنىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش، ئىقتىدار يېتەرسىزلىكى ۋە قابىلىيەت ۋەھىمىسى — ھەربىر ئەزانىڭ ئالدىغا قويۇلغان رېئال مەسىلە، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش — بارلىق ئەزالارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، سىياسىينى ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش — مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. كېڭىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش — مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىكى ئەڭ تەخىرسىز تېمىسى. پارتىيە سىرتىدىكى ۋەكىل زاتلار بىلەن كېڭىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ماھىر بولۇش؛ تارماقلار بىلەن كېڭىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي پىكىرلەرنى سىياسەت تۈزۈش مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش؛ ساھە ئاممىسى بىلەن كېڭىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئارزۇ ـ تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئەلنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى توپلايدىغان، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تەربىيەلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەزالارنىڭ كېڭىشىش قائىدىسىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشى، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغان، پەرق بولۇشقا قارىماي ئوخشاشلىقلاردا ماھىرلىق بىلەن بىرلىككە كېلىدىغان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ياراملىق ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملەش كېرەك. كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى «سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭىشىشنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاققا ئېتىبار بېرىش» تەلىپى بويىچە، مەسئۇلىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ۋە مەسئۇلىيەتنى ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى ۋە مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى مۇساپىدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېڭى مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلىشى لازىم.

ئەزالار! «دېمىگەن تۆمۈر سىپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى، مانا مەغرۇر ئاتلىدۇق بىز بېشىدىن دەسسەپ ئۇنى». بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

**(تەرجىمىسى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەمىنلىگەن)**